# 14046 ـ رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈندىكى ئېتىكاپ ئۈچۈن مەسچىتكە قاچان كىرىدۇ ۋە قاچان قايتىپ چىقىدۇ؟

**سۇئال**

مەن رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈندە ئېتىكاپ قىلىشنى مەقسەت قىلىمەن، مەسچىتكە قاچان كىرىپ ۋە قاچان قايتىپ چىقىش توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: ئېتىكاپ قىلىدىغان جايغا كىرىش مەسىلىسىدە، كۆپچىلىك ئۆلىمالار ـ ئۆلىمالارنىڭ جۈملىسىدىن: ئەبۇ ھەنىپە، مالىك، شافىئى ۋە ئەھمەد ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە رەھمەت قىلسۇن ـ رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈندە ئېتىكاپ قىلىشنى مەقسەت قىلغان كىشى رامزاننىڭ يىگىرمە بىرىنچى كېچىسى كۈن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى ئېتىكاپ قىلىدىغان ئورۇنغا كىرىدۇ دەپ قارايدۇ، بۇنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1-پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈندە ئېتىكاپ قىلغان. [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

بۇ ھەدىس ئېتىكاپنىڭ كېچىدە قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، چۈنكى ئون دېگەن سۆزنىڭ ئايرىمىسى كېچە بىلەن ئايرىلغان. ئاللاھ تائالا پەجىر سۈرىسى 2-ئايەتتە: ئون كېچە دېگەن.

ئاخىرقى ئون كېچە دېگەن يىگىرمە بىرىنچى كېچە بىلەن باشلىنىدۇ.

مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، ئېتىكاپ قىلغۇچى مەسچىتكە يىگىرمە بىرىنچى كېچىسى كۈن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى كىرىدۇ.

2-ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: ئېتىكاپ قىلىشتىن بولغان ئەڭ زور غايە قەدىر كېچىسىنى تېپىش بولۇپ، يىگىرمە بىرىنچى كېچە دېگەن ئاخىرقى ئون كۈننىڭ تاق كېچىلىرىدىن، بەلكىم بۇ كېچە قەدىر كېچىسى بولۇشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كېچىدىن باشلاپ ئېتىكاپ قىلىش كېرەك. بۇ سۆزنى سىندى "نەسائىينىڭ ھاشىيىسىدە" بايان قىلغان. ["ئەلمۇغنى"4-توم 489-بەتكە قارالسۇن].

لېكىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسىدە: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئېتىكاپ قىلىشنى مەقسەت قىلغاندا، بامداتنى ئوقۇپ ئاندىن ئېتىكاپ قىلىدىغان ئورۇنغا كىرەتتى، دېيىلگەن. [بۇخارى رىۋايىتى 2041 ـ ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1173–ھەدىس].

يۇقىرىدىكى ھەدىسنىڭ كۆرۈنىشى بويىچە، بەزى سەلەپ ئالىملىرى، ئېتىكاپ قىلىدىغان ئورۇنغا بامدات نامىزىدىن كېيىن كىرىش كېرەك دەيدۇ. دائىمىي كومىتېتى ئۆلىمالىرىمۇ مۇشۇ قاراشنى تۇتقان. 10–توم 411–بەت. [شەيخ ئىبنى باز پەتىۋالىرى 15–توم 442–بەت].

لېكىن جۇمھۇر ئۆلىمالار بۇ ھەدىسكە مۇنداق ئىككى تۈرلۈك جاۋاپ بەردى: بىرىنچى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئېتىكاپنى كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن باشلىغان، ئەمما ئېتىكاپ قىلىدىغان خاس ئورۇنغا بولسا بامدات نامىزىدىن كېيىن كىرەتتى.

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئېتىكاپ قىلىشنى مەقسەت قىلسا بامدات نامىزى ئوقۇپ ئاندىن ئېتىكاپ قىلىدىغان جايغا كىرىپ كېتەتتى. ئېتىكاپنى كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدە باشلايدۇ دېگەن كىشىلەر بۇ ھەدىسنى دەلىل قىلدى. ئەۋزائى، سەۋرىمۇ شۇنداق دېگەن، لەيس ئىككى قارىشىنىڭ بىرىدە بۇنى دەلىل قىلغان. مالىك، ئەبۇ ھەنىپە، شافىئى ۋە ئىمام ئەھمەد: بىر ئاي ياكى رامزاننىڭ ئاخىرىقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپ قىلماقچى بولسا، كۈن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى ئېتىكاپقا كىرىدۇ دەپ، بۇ ھەدىسنى ئېتىكاپ قىلىدىغان كىشى، باشقا ئىشلىرىدىن پارىغ بولدى، بامدات نامىزىدىن كېيىن خالى جايغا كىردى دەپ چۈشەندۈردى، بۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ شۇ ۋاقىت ئېتىكاپنىڭ باشلىنىش ۋاقتى دېگەنلىك مەقسەت قىلىنمايدۇ، بەلكى شامدىن ئىلگىرى مەسچىتنىڭ ئىچىدىكى ئېتىكاپ قىلىدىغان ئورۇننى تەييارلىدى، بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن يالغۇز بولدى دېمەكتۇر.

ئىككىنچى: ھەنبەلى مەزھەپ ئۆلىمالىرىدىن قازى ئەبۇ يەئلا بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام يىگىرمىنچى كۈنى شۇنداق قىلغان دېگەنگە ئەكەلدى. سىندىي رەھىمەھۇللاھ: بۇ جاۋاپقا قاراپ چىقىش پايدىلىق، بۇ تايىنىشقا بەك لايىق دەيدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھدىن: "روزا توغرىسىدىكى پەتىۋالار" 501–بەتتە: ئېتىكاپ قاچان باشلىنىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: "كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئېتىكاپنىڭ باشلىنىشى يىگىرمە بىرىنچى كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن ئەمەس بەلكى يىگىرمە بىرىنچى كېچىسى شامدىن بۇرۇن باشلىنىدۇ دەيدۇ. بەزى ئۆلىمالار ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: يىگىرمە بىرىنچى كۈنى ئەتىگەندە بامدات نامىزىنى ئوقۇپ ئاندىن ئېتىكاپ قىلىدىغان ئورۇنغا كىرەتتى دېگەن ھەدىسى بويىچە، ئېتىكاپنىڭ باشلىنىشى يىگىرمە بىرىنچى كۈنى بامداتتىن كېيىن بولىدۇ دەيدۇ، لېكىن كۆپچىلىك ئۆلىمالار بۇنىڭغا جاۋاپ بېرىپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بامدات نامىزىنى ئوقۇپ كىشىلەردىن ئايرىلىپ ئېتىكاپ قىلىدىغان جايغا كىردى، ئەمما ئېتىكاپنىڭ نىيىتىنى كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە باشلىغان چۈنكى ئاخىرىقى ئون كۈننىڭ كېچىسى دېگەن يىگىرمىنچى كۈنى كۈن ئولتۇرۇش بىلەن باشلىنىدۇ دەيدۇ.

يەنە 503–بەتتە مۇنداق دەيدۇ: رامزاننىڭ ئاخىرىقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپ قىلغۇچىنىڭ ئېتىكاپ قىلىدىغان ئورۇنغا كىرىدىغان

ۋاقتى يىگىرمە بىرىنچى كۈنى كۆن ئولتۇرۇش بىلەن بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئاخىرىقى ئون كۈننىڭ كىرگەن ۋاقتى، بۇ ھەرگىزمۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسىگە زىت كەلمەيدۇ، چۈنكى ھەدىسنىڭ لەپزى ئوخشىمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن لەپزىنىڭ لۇغەت مەنىسىگە ئەڭ يېقىن بولغانلىرى ئېلىنىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئىمام بۇخارى 2041–ھەدىستە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىدۇكى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر يىلى رامزاندا ئېتىكاپ قىلاتتى، يىگىرمە بىرىنچى كۈنى بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئېتىكاپ قىلىدىغان ئورۇنغا كىرەتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: يىگىرمە بىرىنچى كۈنى بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئېتىكاپ قىلىدىغان ئورۇنغا كىرەتتى دېگەن سۆزى ئېتىكاپ قىلىدىغان جايغا ئىلگىرى كىرىپ تۇرغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، چۈنكى ئېتىكاپ قىلدى دېگەن سۆز ئۆتكەن زامان پېلى بولۇپ، ئەسلىدە ئۇنى ئۆز ھەقىقىتىگە ئىشلىتىشتۇر.

ئىككىنچى: ئېتىكاپتىن چىقىش ۋاقتى بولسا: رامزاننىڭ ئاخىرىقى كۈنى كۆن ئولتۇرغاندا ئېتىكاپتىن چىقىدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھدىن: ئېتىكاپ قىلغۇچى ئېتىكاپ قىلغان ئورنىدىن قاچان چىقىدۇ؟ھېيت كېچىسى كۆن ئولتۇرغاندىن كېيىن چىقامدۇ ياكى ھېيت كۈنى بامدات نامىزىدىن يېنىپ چىقامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئېتىكاپ قىلغۇچى ئېتىكاپ قىلغان ئورۇندىن رامىزان تۈگىگەندە چىقىدۇ، رامىزان ھېيت كېچىسى كۆن ئولتۇرۇش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ". ["رامىزان پەتىۋالىرى"502–بەت].

دائىمىي كومىتېتى پەتىۋاسى 10–توم 411–بەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: "رامزاننىڭ ئاخىرىقى ئون كۈندىكى ئېتىكاپنىڭ مۇددىتى، رامزاننىڭ ئاخىرىقى كۈنى كۆن ئولتۇرۇش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ".

ھېيت كۈنى بامدات نامىزى ئوقۇپ، ئاندىن ئېتىكاپ قىلغان ئورنىدىن ھېيت نامىزىغا چىقىشنى تاللاپ قالسا بۇمۇ بولىدۇ، بەزى سەلەپ ئالىملىرى شۇنداق قىلىشنى ياخشى دەپ قارىغان.

ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بەزى ئالىملار رامزاننىڭ ئاخىرىقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپ قىلغان كىشى ئائىلىسىگە قايتماي كىشىلەر بىلەن بىرگە ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ قايتىدۇ دەيدۇ، ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ: بۇ خەۋەر ماڭا ئىلگىرى ئۆتكەن ياخشى–پەزىلەتلىك كىشىلەر تەرىپىدىن يەتكۈزۈلدى، بۇ مەن مۇشۇ مەسىلە توغرىسىدا ئاڭلىغان ئەڭ يېقىملىق خەۋەر دەيدۇ.

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ: "ئەلمەجمۇئ" 6–توم 323–بەتتە مۇنداق دەيدۇ: ئىمام شافىئى ۋە ئۇنىڭ ئەسھابلىرى مۇنداق دەيدۇ: "رامزاننىڭ ئاخىرىقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپ قىلىشتا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنى مەقسەت قىلغان كىشى، ئېتىكاپتىن بولغان بىرەر نەرسىنى چالا قويماسلىق ئۈچۈن مەسچىتكە يىگىرمە بىرىنچى كېچىسى كۆن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى كىرىشى كېرەك، ئاي تولۇق بولسۇن ياكى ناقىس بولسۇن ئېتىكاپتىن ھېيت كېچىسى كۆن ئولتۇرغاندىن كېيىن چىقىشى كېرەك، ھېيت كېچىسى چىقماي مەسچىتتە قالغان بولسا، ئەتىسىگەندە بامدات نامىزىنى ۋە ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ چىقىشى كېرەك.

ئەگەر ھېيت نامىزىنى مۇسەللاھ (مەيداندا)ئوقۇيدىغان بولسا، بامداتتىن يېنىپ ھېيت نامىزىغا چىقىشى كېرەك بولىدۇ.

ئەگەر ئېتىكاپتىن بىۋاستە ھېيت نامىزىغا چىقىدىغان بولسا، نامازغا چىقىشتىن ئىلگىرى يۇيۇنۇپ، پاكىزلىنىپ چىقىشى ياخشىدۇر، چۈنكى بۇ ھېيتنىڭ سۈننەتلىرىدۇر. بۇنىڭ تەپسىلاتىنى بىلىش ئۈچۈن 36442 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.